# 221820 ـ بۇرۇن ياللۇغىغا گىرىپتار بولغان كىشىنىڭ رامىزاندا بۇرۇن يولى ئارقىلىق گالدىن ئۆتۈپ كەتكەن سۇيۇقلۇق روزىغا تەسىر يەتكۈزمەيدۇ

**سۇئال**

بۇرۇن ياللۇغى بولۇپ روزا تۇتقان بىمارنىڭ روزىسى قانداق بولىدۇ؟رامىزاندا بۇرۇننى تارتقاندا بۇرۇندىن گېلىغا شىلىمشىق سۇيۇقلۇقلار ئۆتۈپ كېتىدۇ؟ ئويغانغاندا بۇرۇندا قان بولسا ۋە ئېغىزىدا قاننىڭ تەمى تېپىلغان بولسا قانداق بولىدۇ؟.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئۆلىمالار بەلغەم ـ تۆپرۈكلەر روزا تۇتقۇچىنىڭ گېلىدىن ئۆتۈپ كەتسە، ئۇنى يۇتىۋەتمەستىن سىرتقا چىقىرىۋەتسە روزىسى بۇزۇلمايدۇ، چۈنكى ئۇ روزا تۇتقۇچىنىڭ ئىختىيارلىقسىز كىرىپ كەتتى.

شەيخ زەكەرىيا ئەلئەنسارى ئەششاپىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بەلغەم ـ تۆپرۈكلەر ئىختىيارسىز ئېغىزى ياكى بۇرنى ئارقىلىق گېلىدىن ئۆتۈپ كەتسە چىقىرىۋېتىشىدىن ئاجىز كەلسە ئۆزۈر بولغانلىقى ئۈچۈن روزىسى بۇزۇلمايدۇ". ["ئەسنا ئەلمەتالىب" ناملىق ئەسەر 1-توم 415-بەت].

ئەمما روزا تۇتقۇچى ئۆتۈپ كەتكەن بەلغەم ـ تۆپرۈكلەرنى سىرتقا چىقىرىۋېتىشكە ئىمكانىيىتى بار تۇرۇپ يۇتىۋەتكەن بولسا ئىمام شافىئى قاتارلىق بەزى ئۆلىمالار روزىسى بۇزۇلىدۇ دەيدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىپە، ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەھمەد قاتارلىق ئالىملار روزىسى بۇزۇلمايدۇ دەيدۇ. شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھمۇ كېيىنكى قاراشنى تاللىغان. ["پىقھى ئېنسىكلوپېدىيىسى"36-توم 259-261-بەت].

ئىبنى نۇجەيم ئەلھەنەپىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "روزا تۇتقۇچى ئۆستى تەرىپىدىن بۇرنىغا بەلغەم كىرگەندە، بۇرنىنى تارتىپ گېلىغا كىرىپ كەتسە، قەستەنلىك بولمىسا ھېچ نەرسە بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ تۆپۈرۈكنىڭ ئورنىدا بولىدۇ".
["ئەلبەھرۇررائىق شەرھى كۇنزۇددەقائىق" ناملىق ئەسەر 2-توم 294-بەت].

ئەننەپراۋىي مالىكى رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "مەيدىسىدىن چىقىپ تىلىغا كەلگەن خەپرۈك گەرچە چېقىرىۋېتىش ئىمكانىيىتى بولسىمۇ يۇتىۋەتكەن بولسا، ئۇ كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ، بەلغەممۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ، تىلىغا كېلىپ قالغان

بەلغەمنى قەستەن يۇتىۋەتكەندىمۇ ئۇ كىشىنىڭ روزىسى بۇزۇلمايدۇ". ["ئەلپەۋاكىئ ئەددەۋانى" ناملىق ئەسەر 1-توم 309-بەت].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بەلغەم ئېغىزغا كەلمىگەن بولسا، ئۇنىڭ دىمىغىدىن چۈشكەنلىكىنى ھېس قىلغان بولسا ۋە گېلىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسا، بۇنىڭ بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ، چۈنكى ئۇ بەلغەم بەدەننىڭ سىرتىغا يەتمىدى، ئېغىزمۇ بەدەننىڭ سىرتى ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بەلغەم ئېغىزنىڭ ئۇچىغا كېلىپ بولغاندا ئاندىن يۇتۇۋەتكەن بولسا، ئۇ ۋاقىتتا روزىسى بۇزۇلىدۇ، ئېغىزنىڭ ئۇچىغا يەتمىگەن ۋاقىتتا ئۇ بەدەننىڭ ئېچىدىكى نەرسىنىڭ ھۆكمىدە بولىدۇ بۇنىڭ بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ"].

بۇ مەسىلىدە يەنە بىر قاراش بار، ئۇ بولسىمۇ: بەلغەم گەرچە ئېغىزنىڭ ئۇچىغا كېلىپ بولغاندىن كېيىن يۇتىۋەتسىمۇ روزا بۇزۇلمايدۇ، بۇمۇ كۈچلۈك قاراش، چۈنكى بەلغەم ئېغىزدىن چىقمىدى، ئۇنى يۇتۇۋېتىش بىر نەرسە يېگەنلىك ۋە ئىچكەنلىك ھېسابلانمايدۇ". ["ئەششەرھۇل مۇمتىئ" ناملىق ئەسەر 6 ـ توم 424-بەت].

سۆزىمىزنىڭ خۇلاسىسى: بۇرۇن ياللۇغى سەۋەبىدىن كىرگەن بەلغەم، تۈپرۈك، قان قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ سەۋەبى بىلەن روزا بۇزۇلمايدۇ. ئەگەر مۇمكىن بولسا روزىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن يۇتىۋەتمەستىن سىرىتقا چىقىرىۋەتكەن ياخشىدۇر. ئاللاھ تائالادىن سىزگە ساقلىق ـ ساغلاملىق تىلەيمىز.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.